# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر پەرز نامازدىن كېيىن بۇ كەلىمىلەرنى دەيتتى

ئەبۇ زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى زۇبەير ھەر نامازدا سالام بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، بارلىق مۈلكىيەت ۋە پادىشاھلىق ئۇنىڭ ئۈچۈندۇر، بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھقا ئائىتتۇر، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، بىز پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، بارلىق پەزىلەت ۋە گۈزەل مەدھىيەلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، دىننى ئاللاھقا خالىس قىلىمىز گەرچە بۇنى كاپىرلار ياقتۇرمىسىمۇ» ۋە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر پەرز نامازدىن كېيىن بۇ كەلىمىلەرنى دەيتتى».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر پەرز نامازدا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن مۇشۇ ئۇلۇغ زىكىرلەرنى ئېيتاتتى، ئۇنىڭ مەنىسى: ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق: يەنى ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى مەبۇد بەرھەق يوق. ئاللاھ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، يەنى: ئاللاھقا ئىلاھلىقتا ، پەرۋەردىگارلىقتا ۋە ئىسىم -سۈپەتلەردە ھېچ شېرىك بولغۇچى يوقتۇر. مۈلكىيەت ۋە پادىشاھلىق ئاللاھقا خاستۇر، يەنى: ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە نەرسىلەرنىڭ مۇتلەق ئىگىدارچىلىقى ھەممە تەرەپتىن ئاللاھقا خاستۇر. بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئاللاھقا خاستۇر، يەنى: ئاللاھ مۇكەممەل مۇتلەق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر. خۇرسەنلىك ۋە خاپىلىق ھەر قانداق ھالەتتە ئۇلۇغلۇق ۋە ياخشى كۆرۈلۈشتە مۇكەممەل ماختالغۇچىدۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، يەنى: ئاللاھنىڭ قۇدرىتى مۇكەممەلدۇر، ھەممە تەرەپتىن تولۇقتۇر، ھېچ قانداق نەرسە ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ، ئاللاھ بۇيرىغان ئىشتىن ھېچ قانداق بىر ئىش باشتارتىلمايدۇ بەلكى شەرتسىز ئىجرا قىلىنىدۇ. بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت ۋە يۆتكىلىش پەقەت ئاللاھ بىلەندۇر. يەنى: بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكىلىش، ئاسىيلىقتىن ئىتائەتكە يۆتكىلىش ۋە كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەندۇر، ئاللاھ بۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچىدۇر، بۇنىڭدا ئاللاھ تايانچىدۇر. ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، بىز پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، يەنى: بۇ ئىلاھلىقنىڭ مەنىسىنى كۈچلاندۇرۇش ۋە شېرىكنى رەت قىلىشتۇر، ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىرى ئىبادەتكە لايىق ئەمەستۇر. بارلىق نېئمەتلەر ۋە پەزىلەت ئاللاھ ئۈچۈندۇر، يەنى: ئاللاھ نېئمەتلەرنى پەيدا قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىدۇر، بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىگە ئۆز پەزلىدىن نېئمەت ئاتا قىلىدۇ. گۈزەل مەدھىيەلەر ئاللاھقا خاستۇر. يەنى: ئاللاھ تائالا زاتىدا، سۈپەتلىرىدە، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە، نېمەتلىرىدە ھەرقانداق ھالەتتە ماختاشقا سازاۋەردۇر. «ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، دىننى ئاللاھقا خالىس قىلىمىز گەرچە بۇنى كاپىرلار ياقتۇرمىسىمۇ»، يەنى: ئاللاھنى يەككە يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىشتا رىيا قىلمايدۇ ۋە باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلمايدۇ. «گەرچە بۇنى كاپىرلار ياقتۇرمىسىمۇ»، يەنى: گەرچە كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنى يېگانە بىلىشتە ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا تەۋرەنمەيدۇ.

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee